# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىزىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ قىيامدا تۇرۇشىنى، ئاندىن رۇكۇ قىلىشىنى، ئاندىن رۇكۇدىن تىك تۇرۇشىنى، ئاندىن سەجدە قىلىشىنى، ئاندىن ئىككى سەجدە ئارىسىدا ئولتۇرۇشىنى، ئاندىن يەنە سەجدە قىلىشىنى، ئاندىن سالام بېرىپ بولۇپ قوپۇپ كېتىش ئارىلىقىنى باراۋەر كەلگىلى ئاز قالغاندەك كۆردۈم

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تۇرۇپ، ئۇنىڭ نامىزىنى كۆزەتتىم. ئۇنىڭ قىيامدا تۇرۇشىنى، ئاندىن رۇكۇ قىلىشىنى، ئاندىن رۇكۇدىن تىك تۇرۇشىنى، ئاندىن سەجدە قىلىشىنى، ئاندىن ئىككى سەجدىنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرۇشىنى، ئاندىن يەنە سەجدە قىلىشىنى، ئاندىن سالام بېرىپ بولۇپ قوپۇپ كېتىش ئارىلىقىنى، ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆردۈم. يەنە بىر رىۋايەتتە: قىيامدا تۇرۇش بىلەن تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇشتىن باشقىسى، باراۋەر كەلگىلى ئاز قالغاندەك كۆردۈم
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

بەرا ئىبنى ئازىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىزىنى سۈپەتلەپ، ئۇنىڭ قانداق ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىش ئۈچۈن، ئىنچىكە كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى. ئۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ نامىزىنىڭ ھەرىكەتلىرى بىر - بىرىگە مۇناسىپ ھالدا باراۋەر كېلەتتى؛ ئۇنىڭ قىرائەت ئۈچۈن قىيامدا تۇرۇشى بىلەن تەشەھھۇد ئوقۇش ئۈچۈن ئولتۇرۇشى، رۇكۇ ۋە ئۇنىڭدىن رۇسلىنىش ۋە سەجدىگە مۇناسىپ ھالدا بولاتتى، مەسىلەن قىيامدا تۇرۇشنى ئۇزارتىپ رۇكۇغا يەڭگىل قىلىپ قويمايتتى. ياكى سەجدىنى ئۇزارتىپ ئاندىن قىيامنى ياكى ئولتۇرۇشنى قىسقارتىپ قويمايتتى. بەلكى نامازنىڭ ھەربىر رۇكنىنى يەنە بىر رۇكنىغا مۇناسىپ كەلتۈرۈپ قىلاتتى. بۇنىڭ مەناسى، قىيامدا تۇرۇش ۋە تەشەھھۇدتا ئولتۇرۇش، رۇكۇ ۋە سەجدە مىقدارىدا بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بەلكى بىرىنى يەڭگىللىتىپ يەنە بىرىنى ئېغىر قىلىپ قويمايدۇ، دېگەنلىكتۇر



النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee